# 207972 ـ نەق پۇلنىڭ زاكىتىنى ھېسابلاشنىڭ يولى

## سۇئال

مېنىڭ ئون مىڭ ريال مىقداردا پۇلۇم بار، بۇنىڭغا بىر يىل بولدى، بۇ پۇلغا قانچىلىك مىقداردا زاكات ئايرىيمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

نەق پۇلنىڭ زاكىتى 2.5% پىرسەنت بولىدۇ.

نەق پۇلنىڭ زاكىتىنى ھېسابلاشنىڭ يولى: مىڭ ريالدىن (1000) يىگىرمە بەش(25) ريال ئايرىلىدۇ، ئون مىڭ ريالغا(10000) ئىككى يۈز ئەللىك(250) ريال زاكات كېلىدۇ.

يەنە بىر يول: ئومۇمى مەبلەغنى قىرىققا(40) بۆلسەك چىققان نەتىجە زاكاتنىڭ مىقدارى بولىدۇ.

سىز ئون مىڭ (10000) ريالنى قىرىققا(40) بۆلسىڭىز ، نەتىجە ئىككى يۈز ئەللىك(250) بولىدۇ، بۇ قولىڭىزدىكى پۇلغا كېلىدىغان زاكاتنىڭ مىقدارىدۇر. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 2795 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.